# ئەسلىي مەقسەتنى بىپايان زېمىندا مەڭگۈ ساقلاش

(بېشى 1 - بەتتە)

تارىختىكى دىققەتنى ئەڭ تارتىدىغىنى، 1949 - يىلىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 100 يىللىق گۈللىنىشى بولدى.

شىكۇمېندىن تيەنئەنمېنغىچە، شىڭيې يولىدىن فۇشىڭ يولىغىچە. 100 يىلدىن بۇيان، ئېتىقاد كۈرەش قىلىش داۋامىدا تاۋلاندى، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىنقىلابىي قۇربانلار جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئەسلىي مەقسەت، بۇرچتا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، قەتئىي تەۋرەنمەي، ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى ئارقىلىق ھەيۋەتلىك قەھرىمانلىق داستانىنى پۈتۈپ، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

## ئەسلىي مەقسەتنى ئىزدەش

چىڭمىڭنىڭ ئالدىنقى كۈنى، ھەيۋەتلىك ۋۇلىڭشەن تېغى، ئازراق سوغۇق تاغ شامىلى باش ئەتىيازنىڭ سوغۇقىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەردىلا، يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇرغا قارىماي، گۈيجوۇ تۇڭرېن شەھىرى يەنخې تۇجيازۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ جۇڭجەي بازىرى دايىڭ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلۈكىدىن قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئۆزلىرى تەييارلىغان ھەسەل، كۆكۈل قويۇپ تاللىغان گۈللەرنى قارا رەڭلىك قەبرە تېشى ئالدىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋېن شۇجىسى — دايىڭ كەنتىدە تۇرغان 1 - شۇجى ۋېن ۋېيخۇنى چوڭقۇر ياد ئەتتى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، ئېغىر نامراتلىققا قارشى يۈرۈش قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئاتاكىدا، ئۇ دا يەتتە يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە باشتىن - ئاخىر جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان بۇ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى پۈتۈن قەلبى، پۈتۈن جىسمىنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ، بىر روھ ئابىدىسىگە ئايلاندى.

يەنىلا بۇ قىزىل رەڭلىك مۇنبەت تۇپراق.

86 يىل ئىلگىرى، ئەمدىلا بىر قېتىملىق تەقدىر چوڭ بۇرۇلۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى چىشۇي دەرياسىدىن تۆت قېتىم ئۆتۈش، زۇنيى ئۇرۇشى قاتارلىق بىر قاتار قانلىق، كەسكىن جەڭدە باتۇرلۇق بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتمىدى، قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى گۈيجوۇنىڭ تاغ - دەريالىرىنى قىپقىزىل بويىدى.

زامان - ماكان ئۆزگىرىپ تۇردى، قەھرىمانلارنىڭ روھى ئۆچمەيدۇ.

100 يىلغا قايتا نەزەر سالساق، ئەڭ دەسلەپكى بىر تۈركۈم ئوت ياققۇچىلار تۇنجى قىپقىزىل پارتىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەندە، بۇ ھەيۋەتلىك بايراق ئاستىغا توپلانغان ئىنقىلاب باشلامچىلىرى جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى باشتىن - ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، دۆلەتنى قۇتقۇزۇش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇساپىسىدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئالدىنقىلىرى يىقىلسا كېيىنكىلىرى ئىزىنى بېسىپ، تۆھپىسىنى ۋەتەن تۇپرىقىغا نەقشلىدى.

قەھرىمانلار - قۇربانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ۋەتەن زېمىنى داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردا، ئۇلار قەتئىي تىز پۈكمەي، قەيسەرانە جاسارىتى بىلەن ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، قان ۋە گۆشتىن پۈتۈلگەن تېنى بىلەن بۇرچنى زىممىگە ئالدى —

«سەن گو لياڭمۇ؟»

«شۇنداق، مەن باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋېييۈەنجاڭى گو لياڭ، سەنلەر ئۆلتۈرسەڭ بولىدۇ، كۆپ سوئال سوراش ھاجەتسىز!»

«كوممۇنىستىك پارتىيە يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلە.»

«كۆزۈمنى ئاچسام ھەممە يەردە كوممۇنىست، كۆزۈمنى يۇمسام بىرسىمۇ يوق.»

«سەن ئېيتمىساڭ، قاتتىق جازالاپ، قىيناپ سوراق قىلىمەن!»

«مەن ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش.»

«كاللاڭنى ئالىمەن!»

«تېزرەك يولغا سېلىپ قوي» —

بۇ، 1928 - يىلى 3 - ئايدا ئەمدىلا 27 ياشقا كىرگەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى گو لياڭنىڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن دۈشمەن «سوت»دىكى بارلىق «ئىقرار سۆزى».

ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گو لياڭنىڭ ئاماللىرىسىدىكى غايەت زور تەسىردىن ئەنسىرەپ، قايتا سوت قىلمايلا ئۇنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەم كاللىسىنى ئېسىپ سازايى قىلغان.

لۇشۈن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، غەزەپ بىلەن قولغا قەلەم ئېلىپ: «كاللىسى ئېلىنىپ ئېسىپ قويۇلغانغا ئىنقىلابتا چېكىنىدىغان ئىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ» دەپ يازغان.

لى داجاۋ، سەي خېسېن، ياڭ جىڭيۈ، جاۋ يىمەن، ليۇ خۇلەن، دېڭ جۇڭشيا... سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربان مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كاللىسىدىن كېچىپ، ئىسسىق قېنىنى ئاققۇزۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئاتىلىپ، مىللەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش، مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلدى.

بىپايان تاغلار ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى، ئەزىم دەريالار ئۆركەشلەپ ئاقتى.

قەھرىمانلار ھالاكەت گىردابىدىمۇ تىز پۈكمەي قارشى كۈرەش قىلىپ، بىر مىللەتنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك شانلىق سەھىپىسىنى ياراتتى.

قەھرىمانلار - قۇربانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلىگەن قۇرۇلۇش مەزگىلى ۋە باھار دولقۇنى مەۋج ئۇرغان ئىسلاھات دەۋرىدە، ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى بېغىشلاپ، ساپ قەلبى، سەممىي ھېسسىياتى بىلەن ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، پىداكارلىق روھى بىلەن بۇرچنى زىممىگە ئالدى —

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سەھەر، «دۇنيا ئۆگزىسىنىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان شىزاڭ ئالى ۋىلايىتىدە، «قەبرىستانلىقنى قوغدىغۇچى» زاشى جياسو بالدۇرلا شىچۈەنخې ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ، قەبرە يوللىرىنى سۈپۈرۈپ، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يۇلدى.

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4400 مېتىردىن ئاشىدىغان بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا، 97 قەبرە ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىزاڭغا كىرگۈچى ئالدىن يۈرەر لېيەندىكى 63 ئىنقىلابىي قۇربان ۋە ئالىنى قۇرۇش جەريانىدا قۇربان بولغان 34 ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ قەبرىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆڭ فەنسېنمۇ بار.

«غەربكە ئاتلانغان ئون يىلدا، ئېگىزلىك جور بولدى شادلىق - قايغۇغا. ئاۋامنىڭ جەم بولۇشى قەلبىمدە ھامان، شۇ يىراق مەنزىلدە تۇرار ئۆز ماكان.»

بۇ، كۇڭ فەنسېن قالدۇرغان شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكتىكى خىزمەت ئەھۋالى جانلىق يېغىنچاقلانغان: شىزاڭدا تۇرغان ئون يىلدا، شىزاڭغا ياردەم بېرىشتىن شىزاڭغا يۆتكىلىپ بېرىشقىچە، ئۇ شۇ جاينىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، بارلىقىنى بېغىشلىغان.

لىبى فېڭ، گۇ ۋېنچاڭ، ياڭ شەنجۇۋ، لو ياڭ، خۇاڭ دانيەن... باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلىگەن، جان تىكىپ قاتتىق ئىشلىگەن سانسىزلىغان قەھرىمانلار - قۇربانلار، ئىرادىلىك زاتلار ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇرغان ساپ قەلبى بىلەن ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاتلانغان.

ئەڭ ئالىي يۈكسەكلىكنى كۆڭلىگە پۈكۈش، مەنزىلى تاغدەك ھەيۋەتلىك؛ سەممىي - ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، كۆڭلى - كۆكسى دېڭىزدەك كەڭ بولۇش.

مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن سوتسىيالىزمنى قۇرۇشقىچە، ئىسلاھات قىزغىن دولقۇنى قوزغاشتىن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت

قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقىچە، جەددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغىنى دەل ئەۋلادمۇئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ قارشى يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەپ، ئۆلۈمگە دادىل يۈزلەنگەن ھەيۋەتلىك گەۋدىسىدۇر.

ئاشكارا ئۇرۇش سېپىدىن يوشۇرۇن ئۇرۇش سېپىگىچە، ئىس - تۈتەكلىك جەڭ مەيدانىدىن ئىس - تۈتەكسىز جەڭ مەيدانىغىچە، بىپايان زېمىننى قاپلىغىنى دەل مۇشۇنداق «ئالاھىدە ماتېرىيال»دىن ياسالغان توپ - توپ كوممۇنىستلارنىڭ «ياشلىق باھارى بەدىلىگە ۋەتەننى قۇرۇش، ساپ قېنىنى زېمىنغا بېغىشلاش»تەك شەۋكەتلىك تۇغرا كەيپىياتىدۇر.

پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇش، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىدا ھەممىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشتىكى باتۇرلۇق، قورقماسلىق، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشتا باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە قارشى يۆنىلىشتە ئاتلىنىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە پۈتۈن كۈچلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇش... 100 يىللىق بوران - چاپقۇنى باشتىن كەچۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشى داۋامىدا ھەممىلا جايدا تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق مەدھىيەسى، ھەممىلا جايدا زەپەر مارشى ياڭرىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مەردانە خىتاب ياڭرىدى.

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى زاماندىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلابىي قۇربان تەخمىنەن 20 مىليونغا يېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ ئىسىم فامىلىسى نامەلۇم ئىكەن. ئىسىم فامىلىسى خاتىرىلەنگەن ئىنقىلابىي قۇربان ئاران 1 مىليون 960 مىڭ ئىكەن.

ھەقىقەتەن باتۇر ھەم جەڭگىۋار، سەن، باشتىن - ئاخىر ساڭا ھېچكىم چېقىلالمايدۇ، ئۆلسەڭمۇ روھىڭ مەڭگۈ ھايات، قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانىسەن.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

ماۋ زېدۇڭ ئۆزى تەييارلىغان ئابىدە خېتىنى ئوقۇدى:

«ئۈچ يىلدىن بۇيان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ۋە خەلق ئىنقىلابىدا قۇربان بولغان خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات! 30 يىلدىن بۇيان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ۋە خەلق ئىنقىلابىدا قۇربان بولغان خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات! ۋاقىتنى 1840 - يىلغا قايتۇرساق، شۇ چاغدىن باشلاپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە خەلقنىڭ ئەركىنلىكى، بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان كۆرەشلەردە قۇربان بولغان خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات!»

2014 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىنى، يەنى خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا ئۇل سېلىنغان كۈننى ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلىنىڭ مۇشۇ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى.

قەھرىمانلار - قۇربانلارنى قوغداش قانۇنى تۈزۈش، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنى خاتىرىلەش كۈنى، نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدا قازا قىلغانلارغا دۆلەت تەزىيە بىلدۈرۈش كۈنى تەسىس

قىلىش، خىزمەت كۆرسەتكەن، شەرەپ كەلتۈرگەنلەرنى تەقدىرلەشنى قانات يايدۇرۇش... پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەھرىمانلار - قۇربانلارنى قوغداش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قەھرىمانلارنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدىغان، قەھرىمانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى.

ئىنقىلابىي قەھرىمانلار - قۇربانلار مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزغا ئوخشاش كېچە ئاسمىنىنى يورۇتتى، زېمىننى يورۇتتى، شۇنداقلا مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتتى.

## ئەسلىي مەقسەتنى سۈرۈشتۈرۈش

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىر ئېيىدىمۇ، دوختۇرخانا باشلىقىدىن ئاغرىققا ئايلانغان بولسىمۇ، ۋۇخەن شەھەرلىك ۋۇچاڭ دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى ليۇ جىمىڭ ئەزەلدىن خىزمىتىنى تاشلاپ قويمىدى.

كېسەل كارىۋىتىدا، ئۇ توختىماي تېلېفون قوبۇل قىلدى، تېلېفون ئۇردى، ۋېيشىندا جاۋاب قايتۇردى.

ئىككى سائەت ئىچىدە ئامبۇلاتورىيەنى ئۆزگەرتىش؛ ئۈچ كۈن ئىچىدە پۈتۈن دوختۇرخانىدىكى باشقا كېسەللىگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنى يۆتكەشنى تاماملاش؛ غەربىي دوختۇرخانا رايونىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىش ھەم 300 ئايرىش كارىۋىتى تەسىس قىلىش... ۋاقىت جەدۋەلى لىق تولغان بولۇپ، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغىچە بىر مىنۇتمۇ ئارام ئالمىدى.

«ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق، ئالدىراشلىقتا ئۆز سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلگۈدەك ۋاقتى يوق ئىدى» دېدى ليۇ جىمىڭنىڭ خىزمەتدىشى، ۋۇچاڭ دوختۇرخانىسى ھەدىزم قىلىش ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شۈن.

كىشىلىك ھاياتتىكى چوڭ ئىشلاردا ھايات - ماماتتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق.

خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان، خىرىس ئالدىدا مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئالغان بۇ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ئالدىدا كىشىلەر سانسىز قېتىم ئەسلىي مەقسەتنى ئىزدىمەكچى، سورىماقچى بولدى.

— ھايات - ممات سىنىقىدا، قانداق كۈچ ئۇلارنى قايتا - قايتا باش كۆتۈرۈپ، ئۆلىسمۇ ئۆزگەرمەسلىككە ئىلھاملاندۇردى؟

«بىز نامرات ئەر - خوتۇنلار، بىز ئېسىلزادىلىكنى چوڭ بىلمەيمىز، بايلىقنى ئەرزىمەس نەرسە دەپ بىلىمىز. بىز نامراتلىقتىن قورقمايمىز، جاپادىن قورقمايمىز، بىز نامرات بولساقمۇ ئەخلاق مىزانىغا ئەمەل قىلىمىز. بۇ ‹ئەخلاق› دەل ئىنقىلابىي غايە.» تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق، ھەرۋاقىت قولغا ئېلىنىپ قۇربان بولۇش ئېھتىماللىقى بار ئەھۋالدا، يۈن دەيىڭ خوتۇنىنى مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇردى.

ئۇ «ئىزىم»نى «كۆچى بار نەرسە» دەپ قاراپ، بارلىقىنى قۇربان قىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالىدى.

ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەندىلا، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

1924 - يىلى چاغاندا، يومىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ۋۇ خۇەنشيەن ئۆزى مەكتەپتىن ئېلىپ كەلگەن ماركسنىڭ سۈرىتىنى ئۆيىدىكى نەزىر - چىراغ شىرەسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ھۆرمەت بىلەن چاپلىدى.

«بۇ بوۋىمىز ساقاللىق چەت ئەللىك بوۋاي ياخشى بوۋاي. ئۇنىڭ ئىسمى ماركس. ئۇ بىز نامراتلارنىڭ ئىنقىلاب قىلىشتىكى ئۇستازىمىز. ئۇنىڭ ئۇسۇلى بويىچە قىلساق، بىز چوقۇم يېڭى جەمئىيەت يارىتالايمىز» دېدى ۋۇ خۇەنشيەن ئائىلىسىدىكىلەرگە.

ئۇ شۇنداق دېدى، ھەم شۇنداق قىلدى.

پارتىيەگە كىرگەندىن كېيىن، ۋۇ خۇەنشيەننىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان

ئىشى ئائىلىسىدىكى ئىجارىكەشلەر، قەرزدار دېھقانلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، يەر ئىجارە كېلىشىمى ۋە قەرز ھۆججەتلىرىنى يۇزتۇرا پاك - پاكىز كۆيدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ پومېشچىكلار سىنىپى ئائىلىسىگە ئۇزۇل - كېسىل ئاسىيلىق قىلىپ، قەتئىي ھالدا ئىنقىلاب يولىغا مېڭىش بولدى.

ۋۇ خۇەنشيەن باتۇرلۇق بىلەن، ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، باشلامچى بولۇپ، قىزىل 25 - ئارمىيەدىكى بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1935 - يىلى ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن ئۇ، جەڭدە بەختكە قارشى قۇربان بولدى.

ھەقىقەتكە ئىنتىلىش يولىدا، ئىشەنگەچكە، كۆرەلىدى.

«ئىنتېرناتسىيونال چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ!» ھەقىقەتكە ئىشەنگەن چۈ چيۇبەي ئۆزى تەرجىمە قىلغان «ئىنتېرناتسىيونال شېئىرى»نى غىڭشىپ ئېيتقىنىچە، تەمكىنلىك بىلەن ئۆلۈمگە پەسەنت قىلماي، كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئوققا يۈزلەندى.

«شان - شەرەپ لازىم ئەمەس، تۆھپە لازىم ئەمەس، پەقەت ھەقىقەت ئالەمگە ئېھتىرام بىلدۈرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن.» ھەقىقەتكە ئىشەنگەن يىن فۇ ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتى، پايدا - مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشماي، جاھانغا يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىدىغان پرومېتېئۇس بولۇشنىلا ئويلايتتى...

100 يىلدىن بۇيان، سانسىزلىغان كوممۇنىست ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ئۈچۈن دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىش ئاساسىنى ياراتتى.

— ۋاقىتنىڭ ئۇزاق ئېقىنىدا، نېمە ئۇلارنىڭ سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىشىغا تۈرتكە بولدى؟

1962 - يىلى، جياۋ يۈلۇ خېنەن لەنكاۋغا يۆتكىلىپ ۋەزىپە ئۆتىدى.

ئەينى چاغدىكى لەنكاۋ ناھىيەسى قۇم - بوران، شور، ھۆلچىلىك ئاپىتىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقانىدى. پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى باشلاپ قۇمنى توسۇش، سۇنى تىزگىنلەش، يەرنى ئۆزگەرتىش كۈرىشى داۋامىدا، جياۋ يۈلۇ سەپنىڭ ئالدىدا باشلامچىلىق بىلەن ماڭدى.

قۇم - بوران ئەڭ كۈچلۈك بولغاندا، ئۇ باشلامچى بولۇپ شامال ئېغىزلىرىنى تەكشۈرۈپ، كۆچمە قۇمنى چارلىدى؛ يامغۇر چېلەكلەپ قويۇلغاندا، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن بېلىگىچە سۇ كېچىپ كەلكۈن سۈيىنىڭ ئېقىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى؛ قار - شىۋىرغان يەر - جاھاننى قاپلىغاندا، ئۇ كادىرلارنى باشلاپ نامراتلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سورىدى، ئۆيىگىچە بېرىپ ئاممىغا قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ئاشلىقى، پۇلى بەردى...

ئۇ كۆڭلىگە پۈتۈن ناھىيەدىكى كادىرلار، ئاممىنى پۈككەن بولۇپ، ئۆزىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. جىگەر كېسىلى بولغاچقا، جياۋ يۈلۇ دائىم ئاغرىقتىن بېلىنى رۇسلىيالماي قالسىمۇ، لېكىن قولى ياكى قاتتىق نەرسىلەر بىلەن جىگەر قىسمىنى بېسىپ، خىزمەتنى داۋاملاشتۇراتتى.

«مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۆمىدىنى يەردە قويمايمەن».

پارتىيە ۋە خەلقنىڭ قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنىڭ مەخپىي شىفرى جياۋ يۈلۇنىڭ «ھاياتىممۇ قۇم بارخانلىرىدا، ماماتىممۇ قۇم بارخانلىرىدا» دېگەن ساپ ھېسسىياتىغا، ياڭ شەنجۇۋنىڭ «قاقاس تاغلارنى كۆكەرتىپ چېچىم ئاقاردى» دېگەن ئۈن - تىنسىز تۆھپىسىگە، لياۋ جۈنبونىڭ «نەق مەيداندا بولمىسام، يىغىن مەيدانىدا بولمايمەن» دېگەن ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش جەريانىغا يوشۇرۇنغان...

— بوران - چاپقۇندىن ئۆتۈشتە، نېمە ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈپ، دەۋر دولقۇنىدا مەڭگۈ مەزمۇت تۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى؟

30 يىل خىزمەت قىلدى، 28 يىل ئۆي ئىجارە ئالدى، ئىلگىرى - كېيىن

بولۇپ ئالتە قېتىم ئۆي كۆچتى، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىمدىكىسى تۆت قەغەز يەشىككە قاچىلانغان بارلىق «ئۆي بىساتى» بولۇپ، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن باشقا، 68 پارچە شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئىدى... سەنشى داتوڭ شەھىرى ياڭگاۋ ناھىيەلىك ئەرزىيەت مۇلازىمىتى مەركىزىنىڭ سابىق مۇدىرى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى لى پېيىن 50 يىللىق ھاياتىدا خاتىرجەم ياشىدى، يۈزى يورۇق ياشىدى.

دۇرۇس بولۇش تاغقا ئوخشايدۇ، پاك بولۇش سۇغا ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن بۇ خەلق مۇرەسسەچىسىنىڭ ئۆزىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ كۆزەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسىنى ساقلاش، نامراتلىققا كۆنۈش، زېرىكىشلىككە بەرداشلىق بېرىش، ئاغرىنىشقا بەرداشلىق بېرىش» «پاك - دۇرۇس بولۇش تۆۋەن چېكىنى چىڭتىپ، تېگىشلىك بولمىغان مال - مۈلۈكنى ئالماسلىق، رەھىمسىز ئىشلارنى قىلماسلىق، ناتوغرا ئىستىللارنى يۇقتۇرۇۋالماسلىق» «بىخ ھالىتىدە يوقىتىپ، ئازدۇرۇشنى توسۇپ، پارتىيەگە يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، قەلبىگە يۈز كېلەلەيدىغان بولۇش».

«نامرات، دۇرۇس، ئاددىي - سادىدا تۇرمۇش دەل بىز ئىنقىلابچىلارنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان تەرىپىمىز!» فاڭ جىمىن يازغان «نامراتلىق» دېگەن ئەسىردە مۇشۇنداق دېگەن.

ھاياتلىق ئەبەدىي بولمايدۇ، ئەمما ئەبەدىيلىكنى ياراتقىلى بولىدۇ.

## ئەسلىي مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاش

81192 — ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بۇ بىر قاتار رەت نومۇرى ھامان كىشىلەر تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنىپ، باتۇرانە قۇربان بولغان قەھرىمان خاتىرىلىنىپ كەلدى.

2001 - يىلىدىكى مۇشۇ كۈندە، دېڭىز ئارمىيەسى ئاۋىياتسىيە قىسمىنىڭ ئۇچقۇچىسى ۋاڭ ۋېي 81192 - نومۇرلۇق ئۇرۇش ئايروپىلانىنى ھەيدەپ جىددىي ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان، قويرۇق قانىتى قارشى تەرەپ ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ پىرقىرىغۇچىسى تەرىپىدىن چۇشۇرۇۋېتىلىپ، پايانسىز دېڭىزدا غايىب بولغان.

2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، «سىزنىڭ 20 يىلدىن كېيىنكى سەپدىشىڭىز» دەپ ئىمزا قويۇلغان بىر پارچە خەت ۋاڭ ۋېينىڭ قەبرىسى ئالدىغا قويۇلدى.

«سىزدىن ئايرىلغىنىمىزغا 20 يىل بولاي دەپ قالدى، سىزنى يوقلاپ كەلدىم».

خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئەڭ دەسلەپ سىزنى بىلگەن كۈن 2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىدى، ئۇ چاغدا مەن داشۆنىڭ 1 - يىللىقدا ئىدىم... قەلبىمگە ئۇزاق يىل پۈككەن ھەربىي بولۇش ئارزۇيۇم خۇددى يەر ئاستىغا چوڭقۇر كۆمۈلگەن ئۇرۇقتەك باھارنىڭ ھىدىنى ھېس قىلىپ، بىخلىنىشقا باشلىغانىدى».

بۇ خەتتە، بىر ياشنىڭ ۋاڭ ۋېينىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن دېڭىز ئارمىيەسىگە كىرىش ھېكايىسى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇ، قەھرىماننىڭ روھىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىدە، سانسىزلىغان كېيىنكىلەرنىڭ كۈچ ئۇلاپ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىگە گۇۋاھ بولماقتا.

«مەن قايتىشقا ئامالسىز قالدىم، سىلەر داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەڭلار!» خۇددى ۋاڭ ۋېي ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە قالدۇرغان بۇ سۆزدەك، ئەسلىي مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش قەھرىمانغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى خاتىرىلەش ھېسابلىنىدۇ.

ئەسلىي مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاشتا، ئېتىقاد ئوتىنى لاۋۇلدىتىپ ياندۇرۇش كېرەك.

«مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردىم» — بۇ جاراڭلىق قەسەم ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئالدىنقىلىرى يىقىلسا كېيىنكىلىرى ئىزىنى بېسىشقا ئۈندىگەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)